بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب





# ئادەم بەدىنى قىسمى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

娃娃问妈妈答.人体篇/阿布都热依木·买买提等编译—喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.5(2010.3重印)
ISBN978—7—5373—1274—5

Ⅰ.娃… Ⅱ.阿… Ⅲ.①科学知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言)②人体学—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第101185号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

娃娃问妈妈答·人体篇

阿布都热依木·买买提 译

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 2.25印张
2004年5月第1版 2010年3月第3次印刷
印数:6161—10160 总定价:28.00元

---

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927







## 1. نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ؟

جىڭجىڭ بەزى چەت ئەللىك ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئانىسىدىن: «ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تېرىنىڭ رەڭگى تېرىدىكى قارا پىگمېنت مىقدارىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. تېرىدە قارا پىگمېنت مىقدارى يۇقىرى بولسا قارا بولىدۇ، قارا پىگمېنت مىقدارى تۆۋەن بولسا ئاق بولىدۇ، قارا پىگمېنت مىقدارى ئوتتۇرا هال بولسا تېرە سېرىق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 2. ھامىلىدە مەڭ پەيدا بولۇش قانداق ئىش؟

شياۋچياڭنىڭ پۇتىدا قوڭۇر داغ بار ئىدى. ئۇ جىلى بولۇپ، ئانىسىدىن: «بۇ زادى نېمە ئىش؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇ ھامىلە بەلگىسى، مەڭنىڭ بىر خىلى. مەڭ زىچ توپلاشقان تېرە ھۈجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قارا پىگمېنت مىقدارى ئەتراپىدىكى باشقا تېرىلەردىن كۆپ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 3 . ئادەم توڭغاندا نېمە ئۈچۈن تېرىسى توخۇ ئەت بولۇپ قالىدۇ؟

شياۋمىڭ ئەمدىلا يۇيۇنۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، سوغۇق شامال چىقىپ، بىلىكىدە نۇرغۇن مودۇر پەيدا بولدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «ئادەم توڭغاندا نېمە ئۈچۈن تېرىسىدە مودۇر پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇ ‹تۇخۇ ئەت› دېيىلىدۇ، ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداشتىكى بىر خىل ئىنكاسى بولۇپ، تېرە سوغۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، سېرىق تۈكلەر ئاستىدىكى مۇسكۇللار تارىيىپ، كىچىك مودۇرلارنى ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، بەدەندىكى ئىسسىقلىقنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق چىقىپ كېتىشىنى توسىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







### 4. تېرە بىرەر نەرسىگە ئۇرۇنغاندا، نېمە ئۈچۈن سوقۇلغان جاي كۆكىرىپ قالىدۇ؟

تاۋتاۋ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپ، تىزى كۆكىرىپ چىقتى. ئۇ جىددىيلىشىپ ئانىسىدىن سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەم تېرىسىدە قان تومۇرلار ناھايىتى كۆپ. سوقۇلغاندا تېرە يۈزى يېرىلمىغان بىلەن، تېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قىل قان تومۇرلار يېرىلغان بولىدۇ. ئاشۇ تومۇرلاردىن چىققان قان تېرە ئاستىغا يىغىلىپ ئۇيۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆك پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 5. نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئادەمنىڭ تېرىسى سېكىدنىپ قالىدۇ؟

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دۇدۇنىڭ بەدىنىگە نۇرغۇن قىزىل مودۇر پەيدا بولۇپ، بەك قىچىشىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەدەنگە مۇنچە كۆپ قىزىل مودۇر چىقىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇنى ‹سېكىنىپ قېلىش› دەپ ئاتايدۇ، ئۇ بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ياز كۈنلىرى هاۋا ئىسسىق بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. لېكىن، هاۋا دىمىق بولۇپ كەتكەندە تەر پارلىنىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى پاسكىنا نەرسىلەر تەر تۆشۈكچىلىرىگە كىرىۋالىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ياللۇغلىنىش پەيدا بولۇپ، تېرە سېكىنىپ قالىدۇ» دېدى.









## 6. نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەرگە دانىخورەك چىقىدۇ؟

لېلى قوشنا ئائىلىدىكى ھەدىسىنىڭ يۈزىگە نۇرغۇن مودۇر چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ يۈزىگە مودۇر چىقىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئۇ ‹دانىخورەك› دەپ ئاتىلىدۇ. يۈز تېرىسى زىيادە مايلىق بولسا، ماي تۈك بەزلىرىدىكى تۈك تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ بولالماي، تۈك بەزلىرىگە يىغىلىپ قالىدۇ ـ دە، دانىخورەك بولۇپ چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 7. نېمە ئۈچۈن تېرە يېرىلغاندا چىققان قان ئۆزلۈكىدىن قېتىشىپ قالىدۇ؟

تاۋتاۋ دىققەتسىزلىكتىن قولىنىڭ بىر بارمىقىنى يارىلاندۇرۇۋالغانىدى. لېكىن، يارا ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قان بىردەمدىلا قېتىشىپ توختاپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ئانىسىدىن: «يارا ئاغزىدىن چىققان قان نېمە ئۈچۈن ئوڭايلا قېتىشىپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قان تەركىبىدە قان پىلاستىنكىلىرى بولىدۇ. ئۇ ئېقىپ چىققاندىن كېيىنلا ھېموپېكسىن ھاسىل قىلىپ، قان شىرنىسىدىكى تالالىق ئاقسىل بىلەن بىرىكىپ، نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ئۇزۇن گىرەلەشمە توقۇلمىلارنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە قان ئۆزلۈكىدىن قېتىشىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 8. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئىزا تارتقاندا يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ؟

رۇخرۇڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بولغۇچە ئىزا تارتقىنىدىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىدىن ئاستا: «نېمە ئۈچۈن ئادەم ئىزا تارتقاندا يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، ئادەم ئىزا تارتقاندا ھاياجانلىنىپ، روھىي كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە ھاياجانلىنىش بولۇپ، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ - دە، تېخىمۇ كۆپ قان يۈزىگە تېپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 9 . نېمە ئۈچۈن ھاۋا ئىسسىغاندا ئادەم تەرلەيدۇ؟

ياز كۈنلىرى شياۋلى دائىم تەرلەپ تۇراتتى. ئۇ بىزار بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ھاۋا ئىسسىغاندا ئادەم تەرلەپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا: « تەرلەش ئادەم بەدىنىدىكى بىر خىل ئۆز- ئۆزىنى تەڭشەش تەدبىرى. تەر ئارقىلىق بەدەندىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىق چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بەدەندىكى بەزى كېرەكسىز ماددىلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 10. نېمە ئۈچۈن ئادەم جىددىيلەشكەندە تەرلەپ كېتىدۇ؟

شياۋمىڭ قورقۇنچلۇق كىنولارنى كۆرۈۋېتىپ، قولىنىڭ ئالىقىنى تەرلەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى - دە، ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم جىددىيلەشكەندە تەرلەيدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «جىددىيلەشكەندە تەرلەش ئادەم نېرۋىسىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى قوزغىتىشقا بولغان ئىنكاسى بولۇپ، بىر خىل شەرتلىك رېفلېكس. ئۇنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 11. نېمە ئۈچۈن توك شامالدۇرغۇچنى ئۇزاق قويۇش ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق؟

شىياۋخۇي ياز كۈنلىرىدە توك شامالدۇرغۇچنى ئۇزاق ئىشلەتسە، بەدەنلىرى ئاجايىپ بىر خىل يېقىمسىز بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇ ئانىسىدىن سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «توك شامالدۇرغۇچنى ئىشلەتكەندە بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قېلىپ، بەدەن سىرتىدىكى تەر تۈگەيدۇ. لېكىن، بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئادەم بەدىنى تېرىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان بولغاچقا، شامالدۇرغۇچنى ئۇزاق ئىشلىتىۋەرسە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 12 . ئادەم قېرىغاندا نېمە ئۈچۈن چىرايىغا قورۇق چۈشىدۇ؟

ماۋماۋ مومىسىنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلارغا قاراپ، ئانىسىغا ئاستا پىچىرلاپ: «نېمە ئۈچۈن ئادەم قېرىغاندا چىرايىغا قورۇق چۈشىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم قېرىغاندا تېرىسىمۇ قېرىيدۇ. بەدەننىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى ئاستىلايدۇ، تېرە پوستى نېپىزلەپ، نەملىك ئازىيىدۇ. تېرە قۇرغاقلىشىپ ئېلاستىكلىقى ئاجىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرە ئاستىدىكى مايمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرە قورۇلۇشقا باشلايدۇ» دېدى.



## 13. نېمە ئۈچۈن مېڭىنى ئىشلەتكەنسېرى ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ دەيمىز؟

فېڭفېڭ ئانىسى بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ تۇساتتىنلا: «نېمە ئۈچۈن مېڭىنى ئىشلەتكەنسېرى ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «مېڭىگە قان تومۇرلار ئارقىلىق ئوزۇق يەتكۈزۈلىدۇ، مېڭىنى كۆپ ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنىڭ مېڭە قان تومۇرلىرى دائىم ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغان بولغاچقا، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئوبدان قۇۋۋەتلىنىدۇ. شۇڭا، مېڭىنى ئىشلەتكەنسېرى جانلىنىپ، ئەقىللىقلىشىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 14. ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۇخلايدۇ؟

ئانىسى شياۋشيانى دائىم ۋاقتىدا ئۇخلاپ، ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. شياۋشيا بۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ئانىسىدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۇخلايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئۇيقۇ چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۇزاق ھاياجانلىنىشىدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل تورمۇزلىنىش ھادىسىسى. ئۇخلىغاندا پۇت - قول ھەرىكەتتىن توختايدۇ، مۇسكۇللار كېڭىيىدۇ، نەپەس چوڭقۇرلىشىدۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇشىمۇ ئاستىلايدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ھارغىنلىقىنى تۈگىتىشتىكى ئەڭ ياخشى دەم ئېلىش ئۇسۇلى» دېدى.



## 15. نېمە ئۈچۈن ئەتىگەندە كىتاب ئوقۇسا بەك ئېسىدە قالىدۇ؟

مىڭمىڭ ئەتىگەندە كىتاب ئوقۇسا، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئەتىگەندە كىتاب ئوقۇسا، بەك ئەستە قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى بىر كېچە ئارام ئالغاندىن كېيىن ھارغىنلىق تۈگەپ، ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچى ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇڭا، ئەتىگەندە كىتاب ئوقۇسا ئەستە قالدۇرۇش ئەڭ ياخشى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 16. ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈش كۆرىدۇ؟

بىنىبىن كېچىدە چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىغا چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپ بولۇپ، ئانىسىدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈش كۆرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم ئۇخلىغاندىن كېيىن چوڭ مېڭىنىڭ كۆپ قىسىم ھۈجەيرىلىرى دەم ئالىدۇ. لېكىن، يەنە بىر قىسىم نېرۋا ھۈجەيرىلىرى دەم ئالماي ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈش كۆرۈش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى چۈشلەر چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ئويغىنىشىدىن قېپقالغان دولقۇنلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 17. نېمە ئۈچۈن بەزى بالىلار كېچىدە چۈشەكەپ ئورنىغا سىيىپ قويىدۇ؟

ناۋاۋ يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ چۈشەكەپ ئورنىغا سىيىپ قويغانلىقىنى سەزدى. ئۇ خىجىل بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن چۈشەكەپ ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەم ئۇخلىغاندا، ئادەتتە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ھۈجەيرىلەر بولۇپ، ئادەمنىڭ سىيگۈسى كەلگەندە باشقا نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى ئويغىتىدۇ. ئەگەر كىچىك بالىلار كۈندۈزدە بەك كۆپ ئويناپ ھېرىپ كەتسە، كېچىدە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمۇ ئۇخلاپ قالىدۇ ـ دە، چۈشەكەپ ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 18. نېمە ئۈچۈن كىچىك بالىلار لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلىسا بولمايدۇ؟

يەنيەن لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلىماقچى بولغانىدى، ئانىسى قوشۇلمىدى. ئۇ نارازى بولۇپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كىچىك بالىلار لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلىسا بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، كىچىك بالىلارنىڭ سۆڭىكى تېخى قاتمىغان، يۇمشاق بولغاچقا، لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلىسا، ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ شەكلى ئاسان ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقا سۆڭەك مايماق بولۇپ قالسا، بالىنىڭ بەدەن گۈزەللىكىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئىچكى ئەزالارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېدى.



**19 . كىچىدە ئۇخلىغاندا سوڭكى قىچىشىش قانداق ئەھۋال؟**

دۇڭدۇڭ كېچىدە ئۇخلىغاندا سوڭكى قىچىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «كېچىدە ئۇخلىغاندا سوڭكى قىچىشىش قانداق ئىش؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ سوڭىدا قىل قۇرت بولىدۇ، ئۇ ئادەم ئۇخلىغاندا چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇڭا قىچىشتۇرىدۇ. ئەتە دوختۇرغا كۆرسىتەي، داۋالىساڭ ئوڭلىنىپ كېتىسەن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 20. نېمە ئۈچۈن سوغۇق سۇدا باش يۇيسا بولمايدۇ؟

ياڭياڭ مۈگدەشكە باشلىۋىدى، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن سوغۇق سۇدا بېشىنى چايقاشقا تۇتۇش قىلدى. ئانىسى كۆرۈپ: «سوغۇق سۇدا يۇما» دېدى، ئۇ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «سوغۇق سۇ چارچىغان چوڭ مېڭىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنى داۋاملىق ئويغاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئوڭاي قېرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.









## 21. نېمە ئۈچۈن ئۇزاقراق زوڭ ئولتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا باش قايىدۇ؟

لۇڭلۇڭ ئانىسى بىلەن بىللە زوڭ ئولتۇرۇپ گۈللەردىن ھوزۇرلىنىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشىغا بېشى قېيىپ كەتتى. شۇڭا، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۇزاقراق زوڭ ئولتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا باش قايىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇ بەدەن ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولىدۇ. زوڭ ئولتۇرغان چاغدىكى قاننىڭ يۈرەكتىن چىقىپ چوڭ مېڭىگە بېرىش ئارىلىقى ئۆرە تۇرغان چاغدىكىدىن قىسقا بولىدۇ. شۇڭا، ئورنىدىن تۇرغاندا چوڭ مېڭىگە دەمال قان يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ - دە، باش قايىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 22. نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ چېچى تەبىئىي بۈدۈر بولىدۇ؟

شاشا تەبىئىي بۈدۈر چاچ ئىدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن چاچ ئۆزلۈكىدىن بۈدۈر بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چاچنىڭ بۈدۈر چىقىشى تۇغما بولىدۇ. ئۇ چاچ تالاسىنىڭ ئېللىپىس شەكىللىك، بۆرەك شەكىللىك ياكى تۇخۇم شەكىللىك ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چاچ تالاسىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش قىيىن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 23. ئادەمنىڭ قاش ۋە كىرپىكىنىڭ نېمە رولى بار؟

مىمىنىڭ كۆزىگە بىر تال كىرپىك كىرىۋالغانىدى، ئانىسى ئۇنى چىقىرىۋەتتى. مىمى ئانىسىدىن: «ئادەمنىڭ قاش ۋە كىرپىكىنىڭ نېمە رولى بار؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ قاش ۋە كىرپىكى كۆزنى ئاسرايدۇ. چاڭ - توزان، قۇم، تەر ۋە يامغۇر سۈيىنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنى توسىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 24. نېمە ئۈچۈن ئادەم كۆزىنى چىمچىقلىتىدۇ؟

ئانىسى شىڭشىڭنى رەسىمگە تارتماقچى بولۇۋىدى، ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرالمىدى - دە، جىددىيلىشىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم دائىم كۆزىنى چىمچىقلىتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كۆزىنى چىمچىقلىتىش بىر خىل فىزىئولوگىيەلىك ئۆز - ئۆزىنى قوغداش بولۇپ، ئادەم 2 — 8 سېكۇنتتا بىر قېتىم كۆزىنى يۇمۇپ- ئېچىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت كۆز مۇڭگۈز پەردىلىرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا، كۆز ئالمىسى سىرتىنىڭ پاكىز تۇرۇشىغا پايدىلىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزنى ۋاقىتلىق دەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 25. نېمە ئۈچۈن كۆزنى قول بىلەن سۈرتۈشكە بولمايدۇ؟

شياۋسۇڭ دائىم كۆزىنى قولى بىلەن سۈرتەتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا مۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس دېدى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كۆزنى قول بىلەن سۈرتۈشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا: «قول دائىم تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭدا نۇرغۇن مىكروب بار. كۆزنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق تولۇق بولغاچقا، مىكروبلار كۆزگە كىرىپ كەتسە تېز ئاۋۇپ كېتىدۇ- دە، ياللۇغلىنىش پەيدا قىلىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 26. نېمە ئۈچۈن كۆز يېقىندىكى نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاسان تالىدۇ؟

جېنجېن كىتاب كۆرگەندە، كۆزىنىڭ يىراقتىكى نەرسىلەرگە قارىغاندىمۇ بەكرەك تالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كۆز يېقىندىكى نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاسان تالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يېقىندىكى نەرسىلەرنى كۆرگەندە، كۆزنىڭ ئىچى - تېشىدىكى مۇسكۇللار تەڭلا قىسقىرىدۇ - دە، ئىچكى بىۋاستە مۇسكۇللارنىڭ يۈكى زىيادە كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئاسان تېلىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









**27. نېمە ئۈچۈن قاتتىق يىغلىغاندا ماڭقا بىلەن كۆز يېشى تەڭلا ئاقىدۇ؟**

قوشنا ئائىلىدىكى كىچىك ئۇكاش قاتتىق يىغلاپ كەتتى. شياۋشۆ ئۇنىڭ ماڭقىسى بىلەن ياشلىرىنىڭ تەڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شوخلۇق بىلەن ئانىسىدىن: «ئۇكاش يىغلىغاندا نېمە ئۈچۈن ماڭقىسى بىلەن يېشى تەڭ ئاقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇ بەك قاتتىق يىغلاپتۇ. ئادەمنىڭ يېشى ئاقىدىغان يول ھەم كۆز چانىقىغا، ھەم بۇرۇن بوشلۇقىغا تۇتۇشىدۇ، قاتتىق يىغلىغاندا، ياش بەزلىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ياش كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر قىسمى كۆز چانىقى ئارقىلىق چىقسا، قالغىنى بۇرۇن بوشلۇقى ئارقىلىق چىقىدۇ. نەتىجىدە ماڭقا بىلەن ياش تەڭ ئاقىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ» دېدى.



## 28. نېمە ئۈچۈن توساتتىن قاراڭغۇ جايغا بارسا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟

يېڭىلىك ئالدىراپ سىرتتىن دېرىزىسى يوق قازناق ئۆيگە نەرسە ئالغىلى كىرىۋىدى، قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قازناققا دەسلەپ كىرگەندە ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كۆزدىكى كونۇسسىمان سەزگۈ ھۈجەيرىلىرى ئاجىز يورۇقلۇق شارائىتىدىمۇ يورۇقلۇقنى سېزەلەيدۇ، نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن، قاراڭغۇ جايغا كىرگەندە، كونۇسسىمان سەزگۈ ھۈجەيرىلەر دەمال شارائىتقا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دېدى.



## 29. نېمە ئۈچۈن يېشىل نەرسىلەرگە كۆپرەك قاراش كۆزگە پايدىلىق؟

جۈەنجۈەن دەرسنى تەكرارلاپ بولۇپ، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، سىرتتىكى دەل - دەرەخ ۋە ئوت - چۆپلەرگە قاراپ تۇرۇپ، كۆزىنىڭ روشەنلىشىپ، روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «چۈنكى، يېشىل رەڭ نۇر قوبۇل قىلىش ۋە نۇر قايتۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ چوڭ مېڭە پوستى ۋە كۆزنىڭ كۆرۈش پەردىلىرىنى غىدىقلايدۇ، شۇڭا يېشىل نەرسىلەرگە كۆپرەك قاراش كۆزگە پايدىلىق» دېدى.



## 30. نېمە ئۈچۈن ماشىنىدا كىتاب كۆرگەندە ئاسان باش قايىدۇ؟

نانا ماشىنىدا كېتىۋېتىپ كىتاب كۆرگەنىدى، بىر دەمدىن كېيىن بېشى قېيىشقا باشلىدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ماشىنىدا كېتىۋېتىپ كىتاب ئوقۇسا باش قايىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، كىتابنىڭ خەتلىرى ئۈچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا بىلەن بىللە سىلكىنىپ تۇرىدۇ، كۆرۈش نېرۋىسى يۇقىرى چاستوتىدا تۇرۇپ، كۆزدە ئوچۇق شەكىل پەيدا قىلالمايدۇ. شۇڭا، كۆز ئاسان تالىدۇ ھەم باش قايىدۇ» دېدى.






## 31. ياش نېمە ئۈچۈن تۇزلۇق بولىدۇ؟

تيەنتيەن يىغلىغاندا، ياش سۈيىنىڭ تۇزلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ياش تۇزلۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋدى، ئانىسى: «چۈنكى، ياش سۈيۇقلۇقى قاندىن ياش بەزلىرىنىڭ ئىش قوشۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. قاندا تۇز تەركىبى بولغاچقا، ياشمۇ تۇزلۇق بولىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







## 32. نېمە ئۈچۈن يىغلىغاندا ئادەمنىڭ بۇرنى ئېچىشىدۇ؟

ۋېنۋېن يىغلىغاندا، بۇرنىنىڭ ئېچىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ خىجىل بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يىغلىغان چاغدا ئادەمنىڭ بۇرنى ئېچىشىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يىغلىغاندا ياشنىڭ كۆپ قىسمى ئادەمنىڭ كۆز چانىقىدىن چىقىدۇ. ئەمما، يەنە ئازراق بىر قىسمى بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرىپ كېتىپ، بۇرۇننىڭ شىللىمشىق پەردىلىرىنى غىدىقلايدۇ. شۇڭا، ئادەمدە بۇرۇن ئېچىشقاندەك سېزىم بولىدۇ» دېدى.



## 33. نېمە ئۈچۈن بۇرنىنى كولاش ياخشى ئەمەس؟

فېڭفېڭ بۇرنىنى كولاپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا مۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، دېگەنىدى، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئانىسى: «بۇرۇننى كولىغاندا، يالغۇز بۇرۇن بوشلۇقىدىكى نۇرغۇن يۇمشاق قان تومۇرلارغا زىيان يېتىپ مىكروبلۇق يۇقۇملىنىش پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇرۇن تۈشۈكىدىكى تۈكلەرمۇ يۇلۇنۇپ كېتىپ، چاڭ ـ توزاننىڭ بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرىپ كېتىشىنى توسقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇرۇننى كولىماسلىق كېرەك» دېدى.



## 34. بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى بىرلا ۋاقىتتا نەپەس ئالامدۇ؟

بېيبېي چوڭقۇر نەپەسلىنىش ھەرىكىتىنى ئويناپ بولغاندىن كې- يىن، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن : «بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى بىرلا ۋاقىتتا نەپەس ئالامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تېببىي ئالىملار- نىڭ ئىختىرا قىلىشىچە، ئادەم بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكى نۆۋەتلىشىپ نەپەسلىنىدىكەن، تەخمىنەن ھەر 3 — 4 سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشىدى- كەن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 35. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۇخلىغاندا خورەك تارتىدۇ؟

تاۋتاۋنىڭ دادىسى ئۇخلىغاندا دائىم خورەك تارتاتتى. ئۇ جىلە بولۇپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن دادام دائىم ئۇخلىسىلا خورەك تارتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەم ئۇخلىغاندا پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى بوشاپ كېتىدۇ، ھەتتا كىچىك تىلىمۇ ساڭگىلاپ قالىدۇ. خورەك تارتىش ئادەتتە ئۇڭدا يېتىپ ئاغزىدىن نەپەس ئېلىشتىن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ھاۋا ئېقىمى كىچىك تىلدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، كىرىپ - چىقىدىغان ھاۋا كىچىك تىلنى تەۋرىتىدۇ - دە، خورەك ئاۋازى چىقىدۇ. دادىڭىزمۇ شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى.



## 36. ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈشكۈرىدۇ؟

شياۋمىڭ زۇكام بولۇپ قېلىپ، كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ توختىماي چۈشكۈرگىلى تۇردى. ئۇ ئانىسىدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈشكۈرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم زۇكام بولغاندا ياكى دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقنى پۇرىغاندا، بۇرۇن شىللىمشىق پەردىلىرى غىدىقلىنىپ چۈشكۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقلار ياكى كېسەل مىكروبلىرى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم تېنىدىكى بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىنكاسى» دېدى.



## 37 . نېمە ئۈچۈن بۇرۇن قانايدۇ؟

شياۋخۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت بۇرنى قاناپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئانىسىنى تېپىپ قاننى توختاتتى ھەمدە: «نېمە ئۈچۈن بۇرۇن قانايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇرۇن ئىچىدىكى ھەرقايسى ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ قان تومۇرلىرى ئىنتايىن زىچ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قان تومۇر دىۋارىمۇ ناھايىتى نېپىز. شۇڭا، تاشقى كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا ياكى قان بەك سۇيۇلۇپ كەتكەندە، سەللا تېگىپ كەتسە قان چىقىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 38. نېمە ئۈچۈن قۇلاق ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ؟

شياۋپاڭ رادىيو قوبۇللىغۇچ ئالدىدا ئولتۇرۇپ رادىيو ئاڭلاۋېتىپ ئۈشتۈمتۇت ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇلاق ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئاۋازنىڭ ئۆزى بىر خىل دولقۇن. دولقۇن تاشقى قۇلاقتىن كىرىپ، ئىچكى قۇلاققا مەركەزلىشىپ قۇلاق پەردىسىگە ئۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە كەلگەن ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكى، تېز - ئاستىلىقى بىلەن ئوخشاش ھالدىكى تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بۇ خىل تەۋرىنىش سىگنالى نېرۋا سىستېمىلىرى ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ» دېدى.



**39. نېمە ئۈچۈن لىفىت ياكى ئايروپىلان تېز سۈرئەتتە ئۆرلىسە ياكى تۆۋەنلىسە قۇلاق چىڭقىلىدۇ؟**

شياۋخۇڭ ئانىسى بىلەن بىللە لىفىتكە چىقىپ، قۇلىقى چىڭقالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئانىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، قۇلاق پەردىسى ئىچىدىكى ھاۋانىڭ بېسىمى بىلەن تاشقى ئاتموسفېرا بېسىمى ئوخشاش بولىدۇ. لىفىتكە ياكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە ياكى تۆۋەنگە چۈشكەندە، تاشقى ئاتموسفېرانىڭ بېسىمىدا ئۆزگىرىش بولغاچقا، قۇلاق پەردىسى ئىچىدىكى ھاۋا بېسىمى ماس ھالدا تەڭشىلىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. نەتىجىدە بەدەن ئىچى ياكى بەدەن سىرتىدىكى ھاۋا ئېقىمى قۇلاق پەردىسىگە سوقۇلۇپ، قۇلاق چىڭقىلىش كېلىپ چىقىدۇ» دېدى.



## 40. نېمە ئۈچۈن ئۇخلاشتىن بۇرۇن قەنت يېسە چىش ئاسان چىرىيدۇ؟

خوەنخوەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن كەمپۈت يېمەكچى بولغانىدى، ئانىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن كەمپۈت يېسە چىش ئاسان چىرىيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ چۈشىنەلمەي سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇخلاشتىن بۇرۇن كەمپۈت يېسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەپ بولۇپ چىشنى چوتكىلىمىسا، سۈت كىسلاتا تاياقچە باكتېرىيەلىرى ئېغىزدىكى قەنت ماددىلىرىدىن پايدىلىنىپ زور مىقداردا كۆپىيىدۇ ھەمدە سۈت كىسلاتاسى پەيدا قىلىپ چىشنى چىرىتىدۇ، كالتسىيسىزلاندۇرىدۇ، چىشقا ئاسان قۇرت چۈشىدۇ» دېدى.



## 41. نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ ماشىنىدا، پارخوتتا ئولتۇرسا بېشى قايىدۇ؟

لىلى پارخوتقا چىقىپ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ بىئارام بولۇپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ماشىنىدا، پارخوتتا ئولتۇرغاندا بېشى قايىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ قۇلىقى ئىچىدە تەسىراتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئەزا بولىدۇ. بەزى ئادەملەر زىيادە كۈچلۈك تەۋرىنىپ سىلكىنگەندە، سىمپاتىك نېرۋا ياكى ئىندۇكسىيە نېرۋىلىرى غىدىقلىنىپ باش قايىدىغان، كۆڭۈل ئېلىشىدىغان، قۇسىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ» دېدى.



## 42. تىل ئۈستىدىكى كىچىك چېكىتلەرنىڭ نېمە رولى بار؟

پىچىپىڭ ئەينەككە قاراپ، تىلى ئۈستىدە نۇرغۇن كىچىك چېكىت بارلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن هالدا ئانىسىدىن تىل ئۈستىدىكى كىچىك چېكىتلەرنىڭ نېمە رولى بارلىقىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «تىل ئۈستىدىكى بۇ چېكىتلەر ‹تەم سەزگۈچى ئەزا› دېيىلىدۇ. تەم سەزگۈچى ئەزا ئىچىدە نۇرغۇنلىغان تەم سەزگۈچى هۈجەيرىلەر بولۇپ، ئادەم شۇلار ئارقىلىق يېمەكلىكلەرنىڭ هەر خىل تەمىنى پەرق ئېتەلەيدۇ» دېدى.



## 43. ئاياللارغا نېمە ئۈچۈن ساقال چىقمايدۇ؟

لىگلىڭ دادىسىنىڭ دائىم ساقال ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىغا پىچىرلاپ: «نېمە ئۈچۈن ئاياللارغا ساقال چىقمايدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «چاچ - ساقالنىڭ ئۆسۈشى جىنسىي گورمونلارنىڭ كونتروللۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەرلەرنىڭ بەدىنىدە ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئاتىلىق گورمون كۆپ بولۇپ، ئۇ ساقال - بۇرۇت ۋە بەدەندىكى تۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ. ئاياللارنىڭ بەدىنىدە ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئانىلىق گورمون كۆپ بولۇپ، ئۇ ساقال - بۇرۇتنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا، ئاياللارغا ساقال چىقمايدۇ» دېدى.





## 44. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەسنەيدۇ؟

جېنجېن مۇگدەپ، توختىماي ئەسنىگىلى تۇردى. ئۇ ئانىسىدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن ئەسنەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا ئەسنەك تۇتىدۇ. ئەسنىگەندە بەدەندىكى ئارتۇقچە كاربون (IV) ئوكسىدى چىقىپ كېتىپلا قالماي، يەنە كۆز يۇمۇلۇپ، پۇت - قول مۇسكۇللىرى يىغىلىش، چوڭقۇر نەپەس ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. بۇلار ھارغىنلىقنى ئازايتىدۇ» دېدى.



## 45. نېمە ئۈچۈن تاماق يېگەندە گەپ قىلىشقا، كۆلۈشكە بولمايدۇ؟

چيەنچيەن تاماق يەۋېتىپ، گەپ قىلىپ كۈلگەنىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ گېلى ئاستىدا قىزىلئۆڭگەچ بىلەن كاناي بار. تاماق يېگەندە كاناي يۇمۇلۇپ تۇرىدۇ، گەپ قىلغاندا ئېچىلىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن گەپ قىلىپ كۈلسە، يېمەكلىك ئوڭايلا كانايغا كىرىپ كېتىپ قالىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 46. تاماقنى يەپ بولۇپلا سۇ ئىچىشكە بولامدۇ؟

گوگو تاماق يەپ بولۇپلا سۇ ئىچمەكچى بولغانىدى، ئانىسى: «بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ» دېدى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تاماقتىن كېيىنلا سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئەگەر تاماقنىڭ ئالدىدا، تاماق يەۋېتىپ ياكى تاماقتىن كېيىن كۆپ مىقداردا سۇ ئىچسە، ئاشقازاندىكى يېمەكلىكنى ھەزىم قىلغۇچى كىسلاتانى سۇيۇندۇرۇپ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېدى.









## 47. نېمە ئۈچۈن ماروژنى يېسە ئۇسسۇلۇقنى باسمايدۇ؟

يېڭىڭ ماروژنى يەۋېتىپ يەنە ئۇسساۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم ماروژنى يېسىمۇ يەنە ئۇسسۇلۇققا قانمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ماروژنىنىڭ ئاساسىي تەركىبى تۇخۇم ئاقسىلى بولۇپ، ئادەمنىڭ تۇخۇم ئاقسىلىنى ھەزىم قىلىشى ئۈچۈن كۆپ مىقداردا سۇ كېتىدۇ. شۇڭا، ماروژنى يېگەندە ئۇسسۇلۇققا قانمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۇسسايدۇ» دېدى.



## 48 . تاماقتىن كېيىن نېمە ئۈچۈن كۆچەپ ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ؟

دۇڭدۇڭ تاماقنى يەپ بولۇپلا توپ ئوينىغىلى ماڭغانىدى، ئانىسى تاماقتىن كېيىنلا قاتتىق ھەرىكەت قىلىش ياخشى ئەمەس دېدى. دۇڭدۇڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «تاماق يېيىلگەندىن كېيىن بەدەندىكى كۆپ مىقداردىكى قان ھەزىم قىلىش يوللىرىغا يىغىلىپ، يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىش، ئۈزۈقلۈق قوبۇل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەگەر تاماقتىن كېيىنلا قاتتىق ھەرىكەت قىلسا كۆپ مىقداردىكى قان مۇسكۇللارغا تارقىلىپ كېتىپ ، ئاشقازان بىلەن ئۈچەينىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يېتىدۇ - دە، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىدۇ» دېدى.



## 49. نېمە ئۈچۈن تاماقنى ئۇششاق چايناپ، ئالدىرىماي يۇتۇش كېرەك؟

كەيكەي تاماقنى ئۇششاق چايناپ ئالدىرىماي يۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن ئىدى. ئانىسى بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس دېدى، ئۇ ئانىسىدىن: «نەرسە يېگەندە نېمە ئۈچۈن ئۇششاق چايناپ ئالدىرىماي يۇتۇش كېرەك؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يېمەكلىك ئېغىزدا ئۇششاق چاينالسا، ئاشقازانغا بارغاندا ئاشقازاننىڭ يۈكى يەڭگىللەيدۇ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىشى ئىنچىكىلەشكەنسېرى ئۈچەي تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. تاماقنى ئاستا يۇتقاندا، ئاشقازانغا ھاۋانىڭ كىرىپ كېتىشى ئازىيىپ، ئاشقازان كۆپۈۋالمايدۇ» دېدى.









## 50. نېمە ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتتىن كېيىن مۇز سۇيى ئىچىشكە بولمايدۇ؟

شياۋجۇن يۈگۈرۈپ بولۇپلا مۇز سۇيى ئىچمەكچى بولغانىدى، ئانىسى يول قويمىدى. ئۇ خاپا بولۇپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتتىن كېيىن مۇز سۇيى ئىچسە بولمايدۇ» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «جىددىي ھەرىكەتتىن كېيىن مۇز سۇيى ئىچسە، مۇز سۇيى گالنى غىدىقلاپ ئاغرىتىدۇ، ئۈنى پۈتۈپ قالىدۇ. يەنە ئاشقازان- ئۈچەي يوللىرىنى غىدىغلاپ، لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئازايتىپ، ھەزىم قىلىش ناچار بولۇش ۋە قورساق ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، مۇز سۇيى ئىچىشكە بولمايدۇ» دېدى.



## 51. نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر كېكەچلەيدۇ؟

بىر كىچىك دوست بولۇپ، گەپ قىلغاندا دائىم كېكەچلەيتتى. دۇدۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر كېكەچلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كېكەچلەش گەپ قىلىشتىكى بىر خىل توسالغۇ. ئۇ ئاۋاز مۇسكۇللىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ماسلاشماسلىقتىن ياكى مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com





## 52 . شۆلگەيىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

جيەنجيەن كىچىك بوۋاقنىڭ شۆلگىيى ئېقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «شۆلگەيىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «شۆلگەيىنىڭ ئۆزى تۈكۈرۈك بولۇپ، ئۇ يېمەكلىكنى نەمدەپ ۋە پارچىلاپ، ئاشقازانغا كىرگەندە ئاسان ھەزىم بولۇشقا شارائىت ھازىرلايدۇ. ئېغىز بوشلۇقىنى نەملەشتۈرۈپ، گەپ قىلىش ۋە يېمەكلىكلەرنى يۇتۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ. شۆلگەيدىكى ئېرىشچان فېرمېنت يەنە مىكروبسىزلاندۇرۇش رولىغا ئىگە» دەپ جاۋاب بەردى.



## 53. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۇخلىغاندىمۇ شۆلگىيى ئېقىپ قالىدۇ؟

شياۋجۈن دادىسى ئۇخلاۋاتقاندا، ئاغزىدىن شۆلگىيى ئېقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ شۆلگەي بەزلىرى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي شۆلگەي ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. ئادەم كېچىدە بەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندە، ئاغزى چىڭ يۇمۇلماي قېلىپ، شۆلگىيى ئېقىپ قالىدۇ. بەزى چاغدا دىمىغى پۈتۈپ ئاغزىدىن نەپەس ئېلىپ ئۇخلىغاندىمۇ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ قالىدۇ» دېدى.



uyghurkitap.com



## 54. نېمە ئۈچۈن چىش كولىغۇچ بىلەن چىش يېرىقلىرىنى كولاشقا بولمايدۇ؟

دادىسى چىش كولىغۇچ بىلەن چىشنىڭ يېرىقلىرىنى كولىماقچى بولغانىدى، ئانىسى توستى. بىر تەرەپتە تۇرغان ماۋماۋ: «نېمە ئۈچۈن چىش كولىغۇچ بىلەن چىشنىڭ يېرىقلىرىنى كولاشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دائىم چىش كولىغۇچ بىلەن چىش يېرىقلىرىنى كولىسا، چىش يېرىقلىرى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىش كولىغۇچ چىش مىلىكىنى ئوڭاي يارىلاندۇرۇپ، ياللۇغ پەيدا قىلىدۇ» دېدى.



## 55. نېمە ئۈچۈن ئادەمگە تۇز كەم بولسا بولمايدۇ؟

ياڭياڭ ئانىسىنىڭ ھەر قېتىم سەي قورۇغاندا تۇز سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن ئادەمگە تۇز كەم بولسا بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تۇز ناترىي بىلەن خلوردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ يالغۇز تەم تەڭشەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرە، نېرۋا، مۇسكۇللارنىڭ ماددا ئالمىشىشى ۋە ئاشقازان سۈيۇقلۇقىنىڭ پەيدا بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، ئادەم تۇزغا ئېھتىياجلىق» دەپ جاۋاب بەردى.



## 56. نېمە ئۈچۈن دېڭىز سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ؟

نيۇنيۇ ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا سۇغا چۆمۈلۈشكە بارغاندى، ئانىسى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «دېڭىز سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ» دېدى. ئۇ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىز سۈيىدە تۇز تەركىبى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىكى تۇز مىقدارى ئادەم بەدىنىنىڭ ئېھتىياجىدىن كۆپ ئارتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە دېڭىز سۈيىدە نۇرغۇن مىكرو جانلىقلار ۋە مىكروب بار. شۇڭا، ئۇنى ئىچسە ئادەم زەھەرلىنىپ قالىدۇ» دېدى.



**57. نېمە ئۈچۈن قورساق ئاچقاندا غولدۇرلايدۇ؟**

لياڭلياڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتتى، ئۇ ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قورساق ئاچقاندا غولدۇرلايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قورساق ئاچقاندا ئاشقازان تارىيىدۇ، ئاشقازان ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن گاز سىقىلىپ ئۇيان - بۇيان ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غولدۇرلىغان ئاۋاز چىقىدۇ» دېدى.



## 58. نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە تاماق يېگۈسى كەلمەيدۇ؟

لىلى نەۋرە ئاكىسى فېڭفېڭنىڭ ئاچچىقىدا تاماق يېگۈسى كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەم ئاچچىقلانسا تاماق يېگۈسى كەلمەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە پەقەت بىرلا ئىشنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارلا ئويغاق تۇرۇپ، قالغان ئورۇنلار تورمۇزلانغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگەن ھامان چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ئويغىتىش نۇقتىسى پۈتۈنلەي ئاچچىقلانغان ئىشتا بولۇپ كېتىپ، تاماق يېيىشنى كونترول قىلىدىغان نېرۋىسى تورموزلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، تاماق يېگۈسى كەلمەيدۇ» دېدى.



## 59 . نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن مۇسكۇللار سىرقىراپ ئاغرىيدۇ؟

مېڭمېڭ يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇسكۇللىرى سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن مۇسكۇللار سىرقىراپ ئاغرىيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئادەم ھەرىكەت قىلغاندا مۇسكۇل توقۇلمىلىرىدىكى ماددىلاردا خىمىيەلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە مۇسكۇللارنىڭ تارتىش ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزى ماددىلار سۈت كىسلاتاسى ھاسىل قىلىدۇ. سۈت كىسلاتاسى تولۇق قوبۇل قىلىپ بولۇنماي ياكى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇنماي، مۇسكۇللىرىدا يىغىلىپ قالغاندا مۇسكۇللار ئېشىلىپ، سىرقىراپ ئاغرىيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



uyghurkitap.com







## 60. ئادەم مەلۇم ياشقا يەتكەندە بويى ئۆسۈشتىن توختاپ قالامدۇ؟

شياۋجۈن دادىسىنىڭ ھەر يىلى ئۆزىدەك ئۆسمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «ئادەم مەلۇم ياشقا يەتكەندە ئۆسۇستىن توختاپ قالامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم ئادەتتە 20 — 25 ياشقا بارغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالىرى يېتىلىپ بولىدۇ، بولۇپمۇ بەدەن ئېگىزلىكىنى تىرەپ تۇرىدىغان پۇت ـ قوللىرى يېتىلىپ بولىدۇ. شۇڭا، يەنە ئۆسۈۋەرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 61. نېمە ئۈچۈن تىرناق توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ؟

ئانىسى جېنجېننىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ قويۇۋاتاتتى. جېنجېن ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تىرناق توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تىرناق قاتتىق سۆڭەك ماددا ئاقسىلىدىن تەركىب تاپقان، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، توختىماي ماددا ئالمىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە داۋاملىق ھالدا يېڭىدىن سۆڭەك ماددا ئاقسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، تىرناقمۇ توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 62. نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇۋەرسە ماڭغاندىن بەكرەك ھېرىپ كېتىدۇ؟

لۇلۇ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ئۇزاقىچە ئۆرە تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى، ئانىسى كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئەركەلەپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇۋەرسە ماڭغاندىنمۇ بەك ھېرىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى، ئادەم ئۆرە تۇرغاندا بەدەن ھالىتى مۇقىم تۇرىدۇ. نېرۋا ۋە مۇسكۇللارمۇ ئۇزاقىچە بىر خىل تۇرىدۇ. زۆرۈر بولغان ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ. شۇڭا، ئاسان ھېرىپ قالىدۇ. يول ماڭغاندا بولسا، مۇسكۇل ھەم نېرۋىلار توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مىدىرلىماي ئۆرە تۇرغاندىن راھەترەك بىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 63. نېمە ئۈچۈن پۇتنى ئەگمەي تۇرۇپ ئېگىزگە سەكرىگىلى بولمايدۇ؟

كەيكەي ئېگىزگە سەكرەشنى مەشىق قىلىۋېتىپ، پۇتنى ئەگمىسە ئېگىزگە سەكرىگىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پۇتنى ئەگمەي تۇرۇپ ئېگىزگە سەكرىگىلى بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «پۇتنى ئېگىپ زوڭزايغاندا پۇت قىسمىدىكى مۇسكۇللار جىددىيلىشىپ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچەپ يەرنى تەپكەندە ناھايىتى كۈچلۈك قارىمۇقارشى كۈچ پەيدا بولىدۇ-دە، تېخىمۇ ئېگىزگە سەكرەشكە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 64. نېمە ئۈچۈن ئەمگەك قىلغاندا قول قاپىرىدۇ؟

شياۋسۇڭ ئانىسى بىلەن بىللە كۆچەت تىكتى. ئەمگەكتە ئۇنىڭ قوللىرىغا قاپارتۇق چىققانىدى. ئۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئەمگەك قىلغاندا قول قاپىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئەمگەك قىلغاندا قول بىلەن سايمان تېگىشىپ تۇرغاچقا، سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ. دەسلەپتە قىزىرىپ قىزىيدۇ، ئاخىرىدا قاپارتقۇ چىقىدۇ. يەڭگىل بولغاندا سۇلۇق قاپارتقۇ، ئېغىر بولغاندا قانلىق قاپارتقۇ بولىدۇ. ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ بىر خىل مۇداپىئە ئىنكاسى» دەپ جاۋاب بەردى.









## 65 . نېمە ئۈچۈن سۇ ئۈزۈپ بولۇپ قىرغاققا چىققاندا باش قايىدۇ؟

جيەنجيەن ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلدى، قايتىپ قىرغاققا چىققاندا بىر ئاز بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم سۇ ئۈزگەندە سۇنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ئېغىرلىق پەيدا بولۇپ، يۈرەكتىكى قان دەماللىققا يېتىشىپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك پەيدا بولۇپ، باش قېيىش سېزىمى كۆرۈلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 66. نېمە ئۈچۈن سۇ ئۈزگەندە ئېغىز ئارقىلىق نەپەس ئېلىنىدۇ؟

تيەنتيەن ئانىسى بىلەن بىللە سۇ ئۈزگەنىدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالىدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سۇ ئۈزگەندە ئېغىز ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سۇ ئۈزگەندە بۇرۇن ئارقىلىق نەپەسلەنسە، سۇ بىۋاستە كانايغا كىرىپ كېتىدۇ. ئېغىز ئارقىلىق نەپەس ئالغاندا، ئېغىزغا كىرگەن سۇ گالغا ئۆتۈپ كېتىپ، كانايغا بارمايدۇ. ئېغىزغا سۇ كىرگەن تەقدىردىمۇ كانايغا ھاۋا ئۆتۈپ تۇرۇۋېرىدۇ. نىسبەتەن بىخەتەر بولىدۇ» دېدى.



## 67. نېمە ئۈچۈن زۇكام بولغاندا نەرسە يېسە تەمىنى بىلگىلى بولمايدۇ؟

ناۋناۋ زۇكام بولۇپ قالغاندا، يېگەن نەرسىلەرنىڭ تەمسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەم تىلدىكى تەم سەزگۈچى ئەزالار بۇرۇندىكى شىللىق پەردە ھۈجەيرىلىرىگە تايىنىپ نەرسىلەرنىڭ تەمىنى پەرق ئېتىدۇ، زۇكام بولغاندا تەم سەزگۈچى ئەزالار بىلەن شىللىق پەردىگە قان تولۇۋېلىپ، سېزىمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، نەرسىلەرنىڭ تەمىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ» دېدى.



**68. نېمە ئۈچۈن زۇكام بولغاندا ئادەمنىڭ دىمىغى پۈتۈپ قالىدۇ؟**

ياڭياڭ زۇكام بولۇپ دىمىغى پۈتۈپ قالدى. ئۇ ئانىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئانىسى: «زۇكام بولغاندا بۇرۇندىكى شىللىق پەردىگە قان تولۇپ قېلىپ، ئىششىپ نەپەس يولىنى توسۇۋالىدۇ. شۇڭا، دىمىغى پۈتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 69. نېمە ئۈچۈن زۇكام بولغاندا قايناق سۇنى كۆپ ئىچىش كېرەك؟

لېلى زۇكام بولۇپ قالغانىدى. ئانىسى ئۇنى قايناق سۇنى كۆپ ئىچىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ ئانىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى: «قايناق سۇنى كۆپ ئىچكەندە بىر تەرەپتىن بەدەندىكى سۇ تولۇقلىنىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تەڭشىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلارنى پارچىلاپ، ئۇنى سۈيدۈك ۋە تەر ئارقىلىق چىقىرىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 70. ئوكۇل سېلىشتىن بۇرۇن، نېمە ئۈچۈن يود ياكى ئىسپىرت ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ؟

شياۋچياڭ قىزىپ قالغانىدى. ئانىسى ئۇنى قىزىتمىنى چۈشۈرىدىغان ئوكۇل سېلىشقا ئېلىپ باردى. شياۋچياڭ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئوكۇل سېلىشتىن بۇرۇن يود ياكى ئىسپىرت سۈركەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئوكۇل سېلىنىدىغان ئورۇنغا يود ياكى ئىسپىرت سۈركەشتىكى مەقسەت مىكروبسىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مىكروبلارنى ئۆلتۈرگەندە يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 71. نېمە ئۈچۈن ئادەم ئاغرىقنى سېزەلەيدۇ؟

لۇڭلۇڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، گۈل تەشتەكلىرىنى يۆتكىشىپ بېرىۋاتاتتى، دىققەتسىزلىكتىن بىر گۈل تەشتىكى ئۇنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاغرىقنى سېزەلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەمنىڭ ئاغرىق سەزگۈچى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولىدۇ. تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدىن يارىلىنىش بولغاندا، ئۇلار ئۇچۇرنى دەرھال چوڭ مېڭىگە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئادەم بەدىنىنىڭ بىر خىل ئۆز-ئۆزىنى قوغداش قابىلىيىتى» دەپ جاۋاب بەردى.



## 72. نېمە ئۈچۈن ئادەمنى توك سوقسا ئۆلۈپ قالىدۇ؟

مىڭمىڭ توك ئۆتۈشتۈرىدىغان كەيگۈەننى كۆرۈپ، كۆڭلىدە يېڭىلىق ھېس قىلدى. ئانىسى ئۇنىڭغا كەيگۈەننى تۇتماڭ، بولمىسا توك سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ دېگەنىدى، ئۇ قورقۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئادەمنى توك سوقسا ئۆلۈپ قالىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «توك ئېقىمى ئادەم بەدىنىدىن ئۆتكەندە، يۈرەككە قاتتىق تەسىر قىلىپ، يۈرەكنى ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلىدۇ» دېدى.



本书根据金盾出版社 2002 年 1 月第 1 版，2002 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب

**ئادەم بەدىنى قىسمى**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32، باسما تاۋىقى: 2.25
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىرازى: 10160 — 6161

---

ISBN 978—7—5373—1274—5
بىر يۈرۈش يەتتە كىتابنىڭ باھاسى: 28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن


هايۋانات قىسمى


ئۆسۈملۈك قىسمى


تۇرمۇش قىسمى


ئاسترونومىيە قىسمى


جۇغراپىيە قىسمى


پەن - تېخنىكا قىسمى


ئادەم بەدىنى قىسمى 4.00

ISBN 978-7-5373-1274-5
9 787537 312745 >
总定价：28.00元